| | |
|---|---|
| Spor yap- | چېنىقتۇر- |
| Karşılıklı | ئۆز- ئارا |
| İlgilenme - | كۆڭۈل بۆل - |
| Yardım et - | ياردەم قىل - |
| Yarın | ئەتە |
| Gezi yap - | سەيلە قىل - |
| İnternet | ئىنتېرنېت |

## گىراماتىكا

### 1- ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل

پېئىللار تولدۇرغۇچى تەلەپ قىلىش – قىلماسلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

مەلۇم شەيئىگە ئۆتىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرگۈچى پېئىللار ئۆتۈملۈك پېئىل، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق پېئىللار ھەردائىم ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلىدە ياكى چۈشۈم كېلىش خاراكتېرىدە ئۆزىگە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

خەت ياز-، گېزىت كۆر-، تاماق يە-، كۆكتات ئال-، ئىشىكنى ئاچ-، كىتاب ئوقۇ-، ئۆگىنىش قىل-

ئۆتۈملۈك پېئىللاردىن باشقا پېئىللارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈمسىز پېئىل، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: تۇر-، ئولتۇر-، ماڭ-، كەت-، كەل-، چىق-، بار-، ئۇچ- ........

### 2- پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى

پېئىل خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندە شەخس، سان ۋە زامان جەھەتتە مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئۆزگىرىش پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ ←
ئوقۇيمەن
ئوقۇيسەن
ئوقۇيمىز
ئوقۇيلا (سىپايە تۈرى)
ئوقۇيسىلەر

### 3- پېئىلنىڭ بىۋاستە ھازىرقى زامان پۈتمىگەن شەكلى (كەڭرى زامان شەكلى)

## تېكىست

I

بىز قەشقەر پېداگوكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. مەن كومپيوتېر فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن. ئەنۋەر سىياسىي فاكۇلتېتتا ئوقۇيدۇ.

بىز دائىم بىرلىكتە بەدەن چېنىقتۇرىمىز ۋە دەرس تەكرارلايمىز. بىز تۇرمۇشتا ۋە ئۆگىنىشتە ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلىمىز ۋە ياردەم قىلىمىز. بىز تىرىشىپ ئوقۇيمىز.

II

قاسىم : شىرىنگۈل، سىلەر ئەتە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟
شىرىنگۈل : ئەتە بوغدا كۆلىنى سەيلە قىلغىلى بارىمىز.
قاسىم : سائەت نەچچىدە ماڭىسىلەر؟
شىرىنگۈل : سائەت يەتتىدە.
قاسىم : كوچا ئاپتوبۇستا بارامسىلەر؟
شىرىنگۈل : ياق، مىنىبۇستا بارىمىز.
قاسىم : سىنىپ باشلىقى، ئەتە نېمە ئىش قىلىمىز.
ئەكبەر : لېكسىيە ئاڭلايمىز.
قاسىم : نەدە ئاڭلايمىز؟ چوڭ سىنىپتىمۇ؟
ئەكبەر : ھەئە، چوڭ سىنىپتا.
قاسىم : مۇئەللىملەر نېمە ئىش قىلىدۇ؟
ئەكبەر : ئۇلارمۇ لېكسىيە ئاڭلايدۇ.



## يېڭى سۆز – ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Kaç | نەچچە |
| Kahvaltı | ناشتىلىق |
| Fakülte | فاكولتېت |
| Genelde | ئادەتتە |
| Akşam | كەچ |
| Rapor, açıklama | دوكلات |
| Otobüs | ئاپتوبۇس |
| Minibus | مىنىبۇس |
| Sinema | كىنو |
| Vücut | بەدەن |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئا: | سىلەر<br>ئۇلار<br>دىلشاتلار | نېمە | ئوقۇۋاتىسىلەر<br>ئوقۇۋاتىدۇ<br>ئوقۇۋاتىدۇ | ؟ |
| ئە: | بىز<br>ئۇلار<br>دىلشاتلار | دورىگەرلىك | ئوقۇۋاتىمىز<br>ئوقۇۋاتىدۇ<br>ئوقۇۋاتىدۇ | . |

III

ئا: سىز ئادەتتە قايسى ۋاقىتتا گېزىت كۆرىسىز؟

ئە: مەن ئادەتتە كەچتە گېزىت ئوقۇيمەن.

ئا: كەچتە يەنە نېمە ئىش قىلىسىز؟

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئە: | بەزىدە | كىتاب ئوقۇيمەن<br>تېلېۋىزور كۆرىمەن<br>ئىنتېرنېتقا كىرىمەن | . |



IV

ئا: سىلەر چۈشتىن كېيىن نېمە ئىش قىلىسىلەر؟

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئە: | بىز چۈشتىن | كېيىن لېكسىيە<br>ئاڭلايمىز<br>كۇتۇپخانىغا بارىمىز<br>يىغىن ئاچىمىز | . |

ئا: ئۇلارچۇ؟ ئۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئە: | ئۇلارمۇ | لېكسىيە ئاڭلايدۇ<br>كۇتۇپخانىغا بارىدۇ<br>يىغىن ئاچىدۇ | . |